# 106538 - ئىتىكاپ قىلغۇچى تىلپۇن ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلسا توغرا بولامدۇ؟

## سوئال

ئىتىكاپ قىلغۇچى ئىتىكاپ جەريانىدا تىلپۇن ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شۇنداق، ئىتىكاپ قىلغۇچى مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، مەسچىتتە تۇرۇپ سىرتقا چىقماي تىلپۇن ئالاقىسى قىلسا توغرا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى مەسچىتتىن چىقمىدى، تىلپۇن مەسچىتنىڭ سىرتىدا بولۇپ قالسا مەسچىتتىن سىرتقا چىقمايدۇ، ئەگەر ئۇ كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىشقا تەيىنلەنگەن بولسا، ئىتىكاپ قىلمايدۇ، چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىش ئىتىكاپ قىلىشتىن مۇھىمدۇر، بۇنىڭ مەنپەئەتى باشقىلارغا يېتىدۇ، كۆپ كىشىلەرگە مەنپەئەتى يېتىدىغان ئىش، مەنپەئەتى مەلۇم كىشىلەرگە چەكلىنىدىغان ئىشتىن ياخشىدۇر. لېكىن مەنپەئەتى ئىسلامنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا چەكلىنىدىغان بولۇپ قالسا بۇ ئايرىمدۇر. [شەيخ مۇھەممەد بىن ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ. "روزىنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە ئىتىكاپقا ئالاقىدار پەتىۋالار" 35 -بەت].